ئە: ئۇلار يۇسۇپنىڭ

ئاكىلىرى
باللىرى
دوستلىرى

**تېكىست**

I

مېنىڭ ئىسمىم قەيۇم. مەن قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. مەن قەشقەرلىق. مېنىڭ ئۆيۇم يوپۇرغا ناھىيىسىدە. ئۆيۇمدە تۆت جان بار: دادام، ئانام، ئۇكام ۋە مەن. دادام يېزا كادىرى. ئانام ئوقۇتقۇچى. ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرى ئانچە يىراق ئەمەس. ئۇكام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ ھەر ئىشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل، ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشچان.

II

مەن ئوقۇغۇچى. ئىسمىم تۇرغۇن. دادام دېھقان، ئانامۇ دېھقان. ئۆيۇم يېزىدا.

بىزنىڭ كەنت تاغلىق رايوندا. ئۇ ئانچە چوڭ ئەمەس، لېكىن ئۇ يەردە بىر نەچچە دۇكان، بىر ساتراشخانا، بىر شىپاخانا ۋە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. كەنتىمىزدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشلەرنىڭ ئۆيىدە تراكتور، ۋېلىسىپىت، تىكىش ماشىنىسى، تېلېۋىزور بار. لېكىن بۇ نەرسىلەر كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە يوق. بىزنىڭ كەنت نامرات بىر كەنت ھېسابلىنىدۇ.

66

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Kase | چىنە |
| Bisiklet | ۋېلىسىپىت |
| Teyp | ئۈنئالغۇ |
| Şafka | شەپكە |
| Çanta | سومكا |
| Anne – Baba | ئاتا – ئانا |
| Abi | ئاكا |
| Nufüs | جان |
| Erkek kardeş | ئۇكا |

| | |
|---|---|
| Memur | كادىر |
| İş,Hizmet | خىزمەت |
| Çalışma yeri | ئورۇن |
| O kadar | ئانچە |
| Titiz | ئەستايىدىل |
| Köy | كەنت |
| Dağlık | تاغلىق |
| Bölge | رايون |
| Berber | ساتىراشخانا |
| Sağlık ocağı | شىپاخانا |
| İlkokul | باشلانغۇچ مەكتەپ |
| Dikiş makinesi | كىيىم تىكىش ماشىنىسى |
| Ama | لېكىن |
| Yoksul | نامرات |



## فونېتىكا

### بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى

تەركىبىدە «ئا» تاۋۇشى بولغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە «ئى» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قېلىپ، بوغۇمنىڭ ئۇرغۇسى كېيىنكى بوغۇملارغا يۆتكەلسە، «ئا» تاۋۇشى نۇتۇق ئېقىمىدا «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىپ شۇ بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

ئال + ـىپ ← ئېلىپ        جان + ـىم ← جېنىم...

بالا + سى ← بالىسى        ئانا + سى ← ئانىسى

بىراق، ئاھاڭدار تاۋۇشلار (مەسىلەن، ر، ل، ي، ن ) بىلەن ئاياغلاشقانلىرىدا گەرچە قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق ھالىتىدە قالسىمۇ، بۇ بوغۇمدىكى «ئا» تاۋۇشى نىسبەتەن سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنغاچقا ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتمايدۇ، ئاجىزلاشمايدۇ. يېزىقتا ئاجىزلاشتۇرماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

دەريا + سى ← دەرياسى        بىنا + دا ← بىنادا

سان + ى ← سانى    كار + ى ← كارى  يال + ى ← يالى...

تار + ى ← تارى يار + ى ← يارى جاي + ى ← جايى...

2) تەركىبىدە «ئە» تاۋۇشى بولغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، بوغۇمدىكى تەلەپپۇزدا ئۇرغۇ كۆپىنچە ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكىلىدۇ، «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ «ئې» غا ئۆزگىرىدۇ، ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

كەل + ەر ← كېلەر دە + مەك ← دېمەك

ئەن + ى ← ئېنى بەر + ىپ ← بېرىپ

تەن + ىم ← تېنىم خەت + ىڭىز ← خېتىڭىز

3) سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى مەزكۇر سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلۇش بىلەن ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتسا (بوغۇملاردىكى ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇملارغا يۆتكەلسە) ئاجىزلىشىپ «ئى»غا ئۆزگىرىدۇ. ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

ياسا + غان ← ياسىغان ئاسان ـ ئاسىنى

بالا + لار ← بالىلار ئاياغ ـ ئايىغى

ئاھالە + ى ← ئاھالىسى مەسلىھەت ـ مەسلىھىتى

سۆزلە + مەك ← سۆزلىمەك ياسان ـ ياسىنىپ

تىلە + گەن ← تىلىگەن ئاتاق ـ ئاتىقى

دەپتە+ ىڭ ← دەپتىرىڭ لۇغەت + ىڭىز ← لۇغىتىڭىز

كۇتۇپخانا + دا ← كۇتۇپخانىدا ساۋاقداش+ ـىشىم← ساۋاقدىشىم

**گراماتىكا**

ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، ئىسىملارنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا نەرسىلەرنى ئىگىلىگۈچى شەخس قوشۇمچىلىرى ئۈچ شەخستە، بىرلىك ياكى كۆپلۈك ساندا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرىمۇ ئۈچ شەخستە، ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك، كۆپلۈكتە كېلىدۇ. مەسىلەن :